## 316643 ـ ساتقۇچىلار كۆپ سانلىق كىشىلەر بولسا، سېتىۋالغۇچى سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن ئىلگىرى بەرگەن زاكالەت پۇلىنى ئۇلار قانداق ئۆلىشىدۇ؟

### سۇئال

بىر قانچە كىشى بىر زېمىنغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلار زېمىننى ساتتى، كېيىن سېتىۋالغۇچى زاكالەت پۇلى بېرىپ بولغاندىن كېيىن سودىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، سېتىۋالغۇچىدىن ئېلىنغان زاكالەت پۇلى زېمىن ئىگىلىرى ئارىسىدا قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: سودا پۈتكەن ۋاقىتدا سېتىۋالغۇچى ئالدىدىن زاكالەت پۇلى بەرگەن بولسا، كېيىن سودىدىن يېنىۋالغان بولسا، بېرىلگەن زاكالەت پۇلى ساتقۇچىغا قالىدۇ، بۇ سودىدىكى زاكالەت پۇلى دېيىلىدۇ.

"ئەلمەبدەئ"4-توم 58-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "زاكالەت پۇلى بولسا بىر نەرسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ساتقۇچىغا ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن سودا پۈتكەندىن كېيىن ئالدىن بېرىلىدىغان پۇل بولۇپ، سېتىۋالغۇچى ساتقۇچىغا: بۇ پۇلنى ئالدىدىن بېرىمەن ئەگەر سودىدىن يېنىۋالسام بۇ پۇل ساڭا قالىدۇ دەيدۇ، بۇنى ئىمام ئەھمەد دۇرۇس بولىدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلغان دەيدۇ.

ناپىئ ئىبنى ئابدۇلھارىس مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋاكالەتەن تۈرمە ياساش ئۈچۈن سەپۋاننىڭ ھويلىسىنى سېتىۋېلىپ: ئەگەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رازى بولسا مەيلى، بولمىسا ساڭا بەرگەن زاكالەت پۇل قالىدۇ دېدىم.

ئىككىنچى: سودا پۈتۈپ سېتىۋالغۇچى ساتقۇچىغا زاكالەت پۇلنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن سودىنى بىكار قىلىۋەتكەن بولسا، مال ئىگىلىرى بىر قانچە كىشى بولسا، ئۇلار بېرىلگەن زاكالەت پۇلنى ئۆزلىرىنىڭ مالدىكى ھوقۇقىنىڭ ئاز-كۆپلىكى بويىچە تەقسىم قىلىدۇ، ئەگەر ھەممىسىنىڭ ھەققى بىر خىل بولسا ھەممىسگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ، ئەگەر بىرسىنىڭ يېرىم بولسا ئۇ يېرىمىنى ئالىدۇ، قالغانلىرىغىمۇ شۇ بويىنچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

پىقھى ئۆلىمالىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەردە مۇشۇنداق بىكىتكەن، ئەگەر زېمىننىڭ كېرىمى بولسا ئۇمۇ زېمىن

ئىگىلىرى ئارىسىدا زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىش نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ ھەققىنى ساتسا ئۇنى باشقا شېرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىق ھېسابى بويىچە سېتىۋالىدۇ، ئەگەر ئىجارىگە قويسا ئۇنىمۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىش نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

"مەتالىب ئۇلىنىۇھا" ناملىق ئەسەر 4–توم 120–بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "شېرىكلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق–شۇپئە– ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ نىسبىتى بويىنچە بولىدۇ، چۈنكى يېقىنلىق دېگەن ئىگىدارچىلىق سەۋەبىدىن پايدىلىنىدىغان ھەقتۇر، بۇ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بويىچە بولىدۇ".

"شەرھۇل مۇنتەھا"ناملىق ئەسەر 3–توم 550–بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئىجارە ھەققىنى تەقسىم قىلىشتا شېرىكلەردىن بىرى يالغۇز ئىگە بولالمايدۇ، بەلكى ئىجارە ھەققى شېرىكلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇق نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.